ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا كورېيە زۇڭتۇڭى ۋېن زەيىن، پاكىستان زۇڭلىسى ئىمران خان بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ، جۇڭگو بىلەن كورېيەنىڭ يېقىن قوشنا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇشتەك دوستلۇق رىشتىنى نامايان قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى توپلاپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئەڭ ئومۇميۈزلۈك، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇم ۋەزىيىتىدە ئىجابىي ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. يۇقۇم جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىم تەرەققىي قىلىشتىكى پۇختا ئاساسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. بىز تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، بەلگىلەنگەن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز. جۇڭگو تەرەپ كۈچلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداپلا قالماستىن، يەنە دۇنيانىڭ ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، كورېيە ھۆكۈمىتى ۋە ھەر ساھە بەس - بەستە جۇڭگو تەرەپكە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم زور تۈركۈمدە ياردەم بەردى، مەدەت بەردى، بىز بۇنىڭغا چوڭقۇر رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن كورېيە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقە، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، دۇنيا خەلقىنىڭ ساغلاملىقى، بەخت - سائادىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن كورېيە ئۆزئارا مۇھىم يېقىن قوشنا ۋە ھەمكارلىق ھەمراھى. ھازىر، جۇڭگو - كورېيە مۇناسىۋىتى ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلىدى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا، مەن زۇڭتۇڭ ئەپەندى بىلەن بېيجىڭدا ئۇچرىشىپ، نۇرغۇن مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدىم. ئىككى تەرەپنىڭ جۇڭگو - كورېيە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ جۇڭگو - كورېيە ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى ۋە خادىملارنىڭ بېرىش - كېلىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋاقىتلىق. مەن ئىشىنىمەنكى، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو - كورېيە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق ھېسسىياتى چوڭقۇرلىشىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاقىسى، ھەمكارلىقى تېخىمۇ جانلىنىدۇ.

ۋېن زەيىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كورېيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئۇچرىغانلىقىدىن سەممىي ھال سورايدۇ. كورېيە تەرەپ جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىغا ئىجابىي باھا بېرىدۇ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى چوقۇم بالدۇرراق قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. كورېيە بىلەن جۇڭگو يېقىن قوشنا، جۇڭگونىڭ قىيىنچىلىقى كورېيەنىڭ قىيىنچىلىقى. كورېيە تەرەپ قەتئىي ھالدا جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىللە تۇرۇپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى داۋاملىق ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىللە يۇقۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشنى ھەم بۇنى پۇرسەت بىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق ساھەسىدىكى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. ۋېن زەيىن مۇنداق بىلدۈردى: بۇ يىل كورېيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر يىل، كورېيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە يېڭى تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تەكلىپ بويىچە پاكىستان زۇڭلىسى ئىمران خان بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقى 1 - دەرىجىلىك چوڭ ئىشى. كەڭ تىببىي خادىملار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ تىرىششى ئارقىلىق، نۆۋەتتە يۇقۇم ۋەزىيىتىدە ئىجابىي ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىزنىڭ بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار، كۆزىمىز يېتىدۇ، بەلكى يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرالايمىز. بىز ھەم مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز، ھەم يىراققا نەزەر سېلىپ، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن پاكىستان پۈتۈن ھاۋا رايىلىق ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىرىدىن بولۇپ، ئەزەلدىن ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئېسىل ئەنئەنىسى بار. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، پاكىستان تەرەپ بىرىنچى ۋاقىتتا جۇڭگو تەرەپنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ قىممەتلىك ماددىي ئەشيا ياردىمى بېرىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ بارلىق نورمال ئالاقىسىنى ساقلىدى. يېقىندا، دۆلەتلىرىنىڭ خەلق پارلامېنتى ۋە كېڭەش پالاتاسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قارار ماقۇللاپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىدى. بۈگۈن زۇڭلى ئەپەندى مەخسۇس تېلېفون قىلىپ ھال سورايدىغانلىقى ۋە مەدەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پاكىت يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان ھەقىقىي دوستلار، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىدىغان ياخشى قېرىنداشلار. بىز ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ پۇقرالىرىغا مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش، جۇڭگودىكى پاكىستانلىق ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - پاكىستان مۇناسىۋىتى يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتنى ساقلىماقتا. جۇڭگو تەرەپ پاكىستاننى باشتىن - ئاخىر ئەتراپ دىپلوماتىيەسىدە ئالدىنقى يۆنىلىشكە قويۇپ، داۋاملىق ھالدا پاكىستان تەرەپ بىلەن جۇڭگو - پاكىستان ئىقتىساد كارىدورىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق بەرپا قىلىپ، مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىدە ئۆزئارا قوللاپ، ماسلىشىپ، جۇڭگو - پاكىستان مۇناسىۋىتىنى ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتىكى ئۈلگىگە ئايلاندۇرىدۇ.

ئىمران خان پاكىستان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئۇچرىغانلىقىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگو تەرەپنىڭ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغانلىقىنى يۈكسەك ئالقىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىمران خان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلىگەنلىكتىن، يۇقۇم دۇنياغا يامراپ كەتمىدى. پۈتكۈل دۇنيا جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە - ئۈنۈمگە رەھمەت ئېيتىدۇ ھەم ئۇنى ئالقىشلايدۇ، ھېچقانداق دۆلەت جۇڭگودىن ياخشى قىلالمايدۇ. پاكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ پاكىستان تەرەپنىڭ جۇڭگودىكى پۇقرالىرىنىڭ ھالىدىن ئەتراپلىق خەۋەر ئالغانلىقى ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا داۋاملىق ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. پاكىستان تەرەپ قەتئىي ئىشىنىدۇكى، جۇڭگو تەرەپ چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. مەيلى قانداق ئەھۋالغا يولۇقۇشتىن قەتئىينەزەر، بارلىق پاكىستان خەلقى قەتئىي تەۋرەنمەي قېرىنداش جۇڭگو خەلقى بىلەن بىللە تۇرىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 5 - دوختۇرخانا پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شيۇ يەن شىنجاڭدىن 1 - تۈركۈمدە خۇبېيغا ياردەم بېرىشكە بارغان داۋالاش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 5 - دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى دۇڭ شۈنەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. «دوختۇرخانىدىكى نۇرغۇن تىببىي خادىملار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ، ئىنتايىن جاپا چەكتى، ئەڭ ياخشى ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق تىببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشتۇر.» شيۇ يەن مۇنداق بىلدۈردى: دوختۇرخانىمىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىببىي خادىملار بىلەن بىللە تۇرۇپ، تەڭ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكى بولىدۇ».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللاندى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان تىببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلدى، كۆيۈندى. ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن خىزمەت مەبلىغى كاپالىتى سۈپىتىدە شىنجاڭدىن خۇبېيغا ياردەم بېرىشكە بارغان داۋالاش ئەترىتىگە جەمئىي 1 مىليون يۈەن ئاجراتتى؛ ئىككى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش پەلەمپەيسىمان ئەترىتى قۇرۇپ، ئىسمىنارلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، نۆۋەت بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىرىپ، تىببىي خادىملارنىڭ يېتەرلىك ئارام ئېلىش ۋاقتى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ تىببىي خادىملارغا بولغان پىسخىك يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، پىسخىكىلىق ئارىلىشىش مۇتەخەسسىسلىرىنى تەشكىللەپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشىدى ۋە بېسىمنى يەڭگىللەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە بىۋاستە قاتناشقان تىببىي خادىملارغا ۋاقىتلىق ياردەم پۇلى قاتارلىقلارنى بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى داۋالاش مەمۇرىيىتى، داۋالاشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ياڭ خەيفېڭ مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجىنىڭ تەلپى بويىچە، ھەرقايسى جەھەتلەردىن تىببىي خادىملارنى قوغداپ، كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ داۋاملىق ئۇلار ئۈچۈن كاپالەتنى ياخشى قىلىپ، ئۇلارنى باشتىن - ئاخىر كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقنى، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسىنى، ئۇرغۇپ تۇرغان زېھنىي كۈچىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى سىجىل ساغلام ھالدا يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش كۈرىشىگە ئاتلاندۇرىمىز».

(مۇخبىرلىرىمىز لى چۈنشيا، يۈەن لېي، چاۋ جىن، سۇ لۇپىڭ، يۇ مېڭرەن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار لىيۇ پەن، تاۋ ۋېيمىڭ يازغان)

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، بىر تەرەپتىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن يۇقۇمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، تۈرگە ئايرىپ تەدبىر قوللىنىپ، ئىلمىي تاقابىل تۇرۇپ، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «قىش پەسلىلىك ھۇجۇم»نى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرىدە تەرتىپلىك ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى قوللاش ۋە تەشكىللەش كېرەك. نىشانى چىڭ كۆزلەپ، ئېغىر نامراتلىق قورغىنىنى قەتئىي ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈۋەتمەسلىك، كۆزلىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساختىلىق ئىشلەتمەسلىك، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك كېرەك. دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، تۈر مەبلىغى، ياردەم بېرىش - يۆلەش بايلىقىنى تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان نامرات ناھىيەلەر ۋە نامرات كەنتلەرگە مايىللاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈشكە يېتەكلەپ، قەتئىي تۈردە قېپقالغان نامرات ناھىيەلەر ۋە نامرات كەنتلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، قىيىنچىلىقى ئەڭ ئېغىر جايلارنى چىڭ كۆزلەپ، قىيىنچىلىقى ئەڭ ئېغىر ئامىمنى نىشانلاپ، ھەل قىلىش ئەڭ زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، دىققەتنى ئەڭ ئاجىز ھالقىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يېقىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتتە غەلىبە قىلىش تەلپىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتۇش، بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قالپاقنى تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش، كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، نىسپىي نامراتلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك. ھەقىقىي قول سېلىپ قىيىنغا تېگىش قىلىپ، دەل جايىدا بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ھەقىقىي ئىش قىلىپ، ھەقىقىي قول سېلىپ، مەسىلىنى تۈزىتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يېقىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىستىلنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ۋىلايەت - ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، يېزا - كەنتلەر جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى، 1 - شۇجىلار ۋە نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىدىغان، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىر مەيدان ئومۇمىي جەڭ، جەزمەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. خۇبېي بىلەن ۋۇخەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان جاي بولۇپ، جەزمەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ تەقسىملەپ، خۇبېي ئۆلكىسى ۋە ۋۇخەن شەھىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى جىددىي ئېھتىياجىنى ئالدىن كاپالەتلەندۈرۈپ، ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك. خۇبېي بىلەن ۋۇخەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ھازىرقى ئەڭ چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇپ، قوماندانلىق سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بۇيرۇققا قاتتىق ئەمەل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قەتئىي، كۈچلۈك، ياخشى تۇتۇش كېرەك. ياردەم بېرىدىغان ھەرقايسى ئۆلكىلەر مەركەز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئۆز جايىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، ھەم ياردەم بېرىلىدىغان ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندا، ھەم ئۆز رايونى، ئۆز ساھەسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئېھتىياجىنى ئويلىشىشى، ھەم نۇقتىلىق رايونلارغا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشىگە بولغان تەسىرىنىمۇ ئويلىشىشى كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تىببىي دورا، سەھىيە مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى ئومۇميۈزلۈك خىزمەت، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى قوللىشى كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كۈچلۈك بولمىغان، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنمىغان، تار مەھكىمىچىلىكى ئېغىر بولغانلارنى جەزمەن دادىللىق بىلەن تەنقىدلەش، تۈزىتىشكە بۇيرۇش، مەسىلىسى ئېغىر بولغانلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى قەتئىي سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، مەسئۇلىيەتنى ھۆددىگە ئېلىش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاچقۇچ. 19 ئۆلكىنىڭ نىشانلىق ياردەم بېرىشكە «يىغىلىش سىگنالى» چېلىندى، «مەسئۇلىيەت ئېتىزى» ئايرىلدى، «ۋەزىپەنامە» ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ھازىر ئەڭ مۇھىم بولۇۋاتقىنى خىزمەتلەرنى پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش. ھەرقايسى ياردەم بېرىدىغان ئۆلكىلەر ياردەم بېرىلىدىغان ۋىلايەت، شەھەرلەر بىلەن ئورتاق كېڭىشىپ، ياردەم بېرىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بېكىتىپ، شۇ جاينىڭ داۋالاش - سەھىيە بايلىقى جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكىنى ھەل قىلىشنى ئاساس قىلىپ، تىببىي خادىملار، باشقۇرغۇچى خادىملار، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كەسپىي خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن ياردەم بېرىش قوشۇنى قۇرۇپ، نەق مەيداندا ياردەم بېرىش بىلەن يىراقتىن داۋالاش مۇلازىمىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ قوبۇل قىلىپ داۋالاش نىسبىتى، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، يۇقۇملىنىش نىسبىتى ۋە كېسەل بىلەن قازا قىلىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. ياردەم بېرىلىدىغان ۋىلايەت، شەھەرلەر خىزمەتتىكى تەشەببۇسكارلىقنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئامالنىڭ بارىچە ياردەم بەرگەن خادىملارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرى ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ياخشى كاپالەتلەندۈرۈپ، ياخشى خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

«كۆپنىڭ كۈچى مۇجەسسەملەنگەندىلا، ھەممە ئىشتا غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ». يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلساقلا، بىز چوقۇم بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت خەلق ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلالايمىز!

(2 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)

(بېشى 1 - بەتتە)

دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان، ئارقىدىن مەخسۇس ئېغىر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش كوللېكتىپى قۇرۇلۇپ، قەتئىي ئەڭ يېڭى نۇسخىدىكى دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ھەر كۈنى بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ يېتەكچىلىك قىلىپ، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىتا، ۋاقتىدا داۋالاش لايىھەسىنى تەڭشىگەن، ھەم جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى قوللىنىشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى داۋالىغان، 25 كېچە - كۈندۈز سىجىل داۋالاش ئارقىلىق، ئاغرىقنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، تۈرلۈك ھاياتلىق ئالامەتلىرى كۈنسېرى مۇقىملاشقان، كۆپ قېتىم نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مەنپىي چىقىپ، دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە يەتكەن.

ئىككى نەپەر ئاغرىق ئاپتونوم رايونلۇق تىببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئەڭ يېڭى ئۆلچىمىگە يېتىپ، 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 22 گە يەتتى، ھازىر دوختۇرخانىدا يېتىپ ئايرىپ داۋالىنىۋاتقانلاردىن 53ى بار.

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو جەنۇب ئاۋىياتسىيە پاي چەكلىك شىركىتى تىببىي خىزمەتچىلەرگە قارىتا مەخسۇس ئېتىبار بېرىش ۋە ئايروپىلان بېلىتىنى قايتۇرۇش، ئۆزگەرتىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى. تۇنجى بولۇپ خىزمەتتىكى تىببىي خادىملار مەخسۇس ئىشلىتىدىغان «تىببىي خادىملارنى ھۆرمەتلەش كارتىسى»نى يولغا قويدى، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسىنىڭ تىببىي خادىملارنى ھۆرمەتلەش كارتىسى ئالغان مەرۋايىت ئەزالار مەخسۇس ھوقۇق - مەنپەئەت ۋە بېلەت قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش مۇلازىمىتىدىن ئارتۇق بەھرىمەن بولىدۇ، خىزمەت كىنىشكىسى ئارقىلىق بېلەتنىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتى ئىچىدە بېلەتنى ھەقسىز قايتۇرالايدۇ (ئىشلىتىلمىگەن بېلەتنىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتى ئادەتتە بېلەت كېسىلگەن كۈندىن باشلاپ بىر يىل ئىچىدە بولىدۇ).

خۇاشيا ئاۋىياتسىيە پاي چەكلىك شىركىتى تىببىي خادىملارغا بىر يۈرۈش بېرىپ - كېلىش ئايروپىلان بېلىتى سوۋغا قىلىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى ھەم تىببىي خادىملارغا كۈچكە ئىگە مۇددەت ئىچىدە ئارتۇق يۈك - تاق مىقدارى، ئالدىن ئېتىبار بېرىش ئىمتىيازى، چەكسىز قېتىم ئايروپىلان بېلىتى ئەرزان سېتىپ بېرىش ئېتىبارىنى سوۋغا قىلدى. تىببىي خادىملارغا بېرىپ - كېلىش ئايروپىلان بېلىتى سوۋغا قىلىش پائالىيەت ۋاقتى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سائەت 22 گىچە بولۇپ، ھەقسىز ئايروپىلان بېلىتى لىنىيەسىدىكى ئەمەلىي توشۇشنى خۇاشيا ئاۋىياتسىيەسى ھۆددىگە ئالىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئاساسىدا، ھالقىلارنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، تەرتىپنى قىسقارتىپ، نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ دائىملىق قاتنىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەقىقىي قاندۇرىدىكەن.

«بىز خېرىدارلار ئۈچۈن خاس ترانسپورت لايىھەسى تۈزۈپ، چېگرادىن چىققاندىن كېيىنكى لىنىيە بويىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تۆمۈريول ئورۇنلىرىنى كۆپ تەرەپتىن ماسلاشتۇرۇپ، يۇقۇم خەۋپ - خەتىرىنى تىزگىنلىگىلى بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ماللارنىڭ راۋان توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى شىنجاڭ چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى (گورۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ياۋ چېڭ.

«چاغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق (ياڭاق) جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتنىشى شىنجاڭدىن قاتنايدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ دائىملىق قاتنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئاساس سالدى. ھازىر يەرلىكنىڭ مال مەنبەسى ۋە تۆمۈريول ترانسپورت ئىقتىدارى بىر قەدەر يېتەرلىك بولۇپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ قاتناش كۆلىمى كۆرۈنەرلىك ئاشىدۇ» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گورۇھى چەكلىك شىركىتى يۈك ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى.

ئىگىلىنىشچە، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتنىشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، مۇلازىمەت ئۆتكىلىنى ئالدىغا يۆتكەپ، خېرىدارلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئاپتوموبىل قىسقا يوللۇق توشۇش، قاچىلاش - چۈشۈرۈش خادىملىرى، ماشىنا - سايمانلىرىنى سەپلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان قىيىنچىلىقلارنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، ئالاقىلىشىپ ھەل قىلىپ، ھەر ۋاقىت مال بولۇش، ھەر ۋاقىت قاچىلاش - توشۇشقا تەشكىللەش، يولغا چىقىشنى تېز سۈرئەتتە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ شىنجاڭ مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەت دەرۋازىسىدىن ئوڭۇشلۇق چىقىرىدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)